شىنجاڭ گېزىتى
新疆日报
2020- يىل 8- ئاي
6
پەيشەنبە
维吾尔文 8 月6日
新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25145- سان بۈگۈن 4 بەت

لىۋان بېيرۇتتا ئېغىر، زور پارتلاش ۋەقەسى يۈز بەرگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن

شى جىنپىڭ لىۋان زۇڭتۇڭى ئۇئىنغا ھال سوراش تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8- ئاينىڭ 5- كۈنى تېلېگراممىسى 8- ئاينىڭ 5- كۈنى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ لىۋان بېيرۇتتا ئېغىر، زور پارتلاش ۋەقەسى يۈز بەرگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن، لىۋان زۇڭتۇڭى ئۇئىنغا ھال سوراش تېلېگراممىسى ئەۋەتتى.

شى جىنپىڭ ھال سوراش تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: دۆلىتىڭلار پايتەختى بېيرۇتتا ئېغىر، زور پارتلاش ۋەقەسى يۈز بېرىپ، نۇرغۇن كىشىنىڭ تالاپەتكە ئۇچرىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ چۆچۈدۈم. مەن جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقىگە ۋاكالىتەن ھەم ئۆز نامىمدىن، قازا قىلغانلارغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىمەن، يارىلانغانلار ۋە قازا قىلغانلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىدىن سەممىمي ھال سورايمەن، يارىلانغانلارنىڭ سالامەتلىكىنىڭ بالدۇراق ئەسلىگە كېلىشىگە تىلەكداشمەن.

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

«ئۈچ يېڭى» ئىقتىسادنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى جۇش ئۇردى

يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى يېتىلدۈرۈش، زورايتىشقا نەزەر ①

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز لىيۇ شياڭ، شى شىن، جېن شىشىن، جاڭ ئاۋ، لۈ يىخەن**

سانائەت ئېستېتىك تۇيغۇسىغا تولغان سېخ ئىچىدە، مېخانىك بىلەكلەر تېز سۈرئەتتە ھەرىكەتلىنىپ، بىر قاتار خىزمەتلەرنى دەل جايىدا، يۇقىرى ئۈنۈمدە تاماملىدى؛ كۈندىلىك تۇرمۇشتا تاماق زاكاز قىلىش، ئۆگىنىش، كۆڭۈل ئېچىشنى بىر يان تېلېفون بىلەنلا ئاسانلا ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

ئىچكىرى رايونلارغا ئوخشاش، سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار، 5G، چوڭ سانلىق مەلۇماتنىڭ كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىغا ئۈزلۈكسىز كىرىشىگە ئەگىشىپ، يېڭى كەسىپ، يېڭى كەسىپ ھالىتى، يېڭى سودا ئەندىزىسى ۋەكىللىكىدىكى «ئۈچ يېڭى» ئىقتىسادىمۇ شىنجاڭدا تۇيدۇرمايلا قەد كۆتۈردى.

يېڭى تېخنىكا يېڭى مەھسۇلاتلارنى بارلىققا كەلتۈردى، يېڭى پىكىر يولى يېڭى قۇرۇلمىنى بەرپا قىلدى. «ئۈچ يېڭى» دولقۇنىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەر جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، ئەنئەنىۋى كەسىپلەر تېپنى ئۆزگەرتىپ، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى قوشتى.

7- ئاينىڭ 14- كۈنى، ئىشچىلار ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى(تۇدۇڭخابا رايونى) گۋاڭجۇ ئاپتوموبىل گۇرۇھى چۈەنچى يولۇچى ئاپتوموبىلى شىنجاڭ شۆبە شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىدە مەشغۇلات قىلماقتا.

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جېن شىشىن فوتوسى

تېخنىكا ئېنېرگىيە بېغىشلىدى كەسىپ يۇقىرى دەرىجىگە قەدەم قويدى

بىر يېڭى ئاپتوموبىلنى قۇراشتۇرۇشقا قانچىلىك ۋاقىت كېتىدۇ؟ گۋاڭجۇ ئاپتوموبىل گۇرۇھى چۈەنچى يولۇچى ئاپتوموبىلى شىنجاڭ شۆبە شىركىتىنىڭ بەرگەن جاۋابى بولسا 600 سېكۇنت.

ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى (تۇدۇڭخابا رايونى)غا جايلاشقان گۋاڭجۇ ئاپتوموبىل گۇرۇھى چۈەنچى يولۇچى ئاپتوموبىلى شىنجاڭ شۆبە شىركىتىنىڭ باش قۇراشتۇرۇش سېخىغا كىرىپ، ئېنىقلىقى «سېكۇنت»قىچە بولغان بۇ جاۋابنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئاسانلا تاپقىلى بولىدۇ — يۇقىرى دەرىجىدە ئاپتوماتلاشقان زاۋۇت ئۆيىدە،

(ئاخىرى 2- بەتتە)

سكانىرلاپ تېخىمۇ كۆپ يېڭى تاراتقۇ مەھسۇلاتلىرىنى كۆرۈڭ

ئىسلاھاتقا تايىنىپ، كونا - يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنىڭ ئالمىشىشىنى تېزلىتەيلى

□ **گېزىتىمىز ئوبزورچىسى**

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: «جۇڭگو ئەگەر يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش يولىدا ماڭمىسا، كونا - يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى ئوڭۇشلۇق ئالماشتۇرۇلمىسا، ھەقىقىي قۇدرەت تاپالمايدۇ.» باش شۇجى دۆلەتنى «ھەقىقىي قۇدرەت تاپقۇزۇش» يۈكسەكلىكىدە كونا - يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى ئالماشتۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىدى، ئۇنىڭ مەنىسى چوڭقۇر ھەم چەكسىز.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پەن - تېخنىكا تۈزۈلمە ئىسلاھاتى سالمىقىنى زورايتىپ، ھەر تەرەپلىمە پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇردى، ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەر، رەقەملىك ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى بىرقەدەر تېز بولدى. ھازىرغا قەدەر، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېڭى ئېنېرگىيە جابدۇقلىرى، توك يەتكۈزۈش - بېسىم ئۆزگەرتىش جابدۇقلىرى، ئاپتوموبىل قاتارلىق ئىلغار جابدۇق ياسىمىچىلىقىدا رەقەملەشكەن تەتقىق قىلىپ ئېچىش، لايىھەلەش قوراللىرىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 70%تىن ئاشقان. يېڭى تېخنىكا، يېڭى كەسىپ ھالىتى، يېڭى ئەندىزىگە سىجىل كۈچەش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىللىق سانائەت ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىنى جۇش ئۇرۇپ تۇرغان ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى بىلەن تەمىنلىدى.

ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، كونا - يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى تېز ئالماشتۇرۇش يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم ھالقىسى. كونا - يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنىڭ ئالمىشىشىنى تېزلىتىشتە، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش بىر ئاچقۇچلۇق تەدبىر.

(ئاخىرى 2- بەتتە)

شىنجاڭ تۆمۈريولىدا بۇ يىل توشۇلغان يۈك مىقدارى 100 مىليون توننىدىن ئاشتى

بۇلتۇرقىدىن 35 كۈن بۇرۇن بولدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لۇ فېڭباۋنىڭ** جۇڭگو تۆمۈريولى ئۈرۈمچى ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، شىنجاڭ تۆمۈريولىدا يۈك توشۇش مىقدارى سىجىل ئېشىپ، 8- ئاينىڭ 3- كۈنىگىچە جەمئىي 100 مىليون توننا يۈك توشۇلۇپ، يۈك توشۇش مىقدارىنى 100 مىليون توننىدىن ئاشۇرۇش نىشانى بۇلتۇرقىدىن 35 كۈن بۇرۇن ئىشقا ئاشۇرۇلغان.

«بازار مۇقىم ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ئالدىنقى شەرتىدە، شىنجاڭ تۆمۈريول تارماقلىرى يۇقىرى - تۆۋەن ئېقىندىكى خېرىدارلارنىڭ ئېھتىياجىنى توغرا تېپىپ، ئېشىش مىقدارىنى كېڭەيتىپ، مال مەنبەسىنى پائال قېزىپ، توشۇش كۈچىنى دەل جايىدا ماسلاشتۇرۇپ، كۆمۈر، مېتال رۇدىسى، پاختا، خىمىيەۋى ئوغۇت قاتارلىق كۆپ مىقدارلىق ماددىي ئەشيالارنى تېز قاچىلاپ، تېز توشۇشتا كاپالەتلىك قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۆرسەتكۈچىدە ئۈزلۈكسىز يېڭى رېكورت ياراتتى» دېدى جۇڭگو تۆمۈريولى ئۈرۈمچى ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى يۈك توشۇش بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى.

(ئاخىرى 3- بەتتە)

ئۈرۈمچى - سانجى تاموژنىسى سەككىز تۈرلۈك تەدبىر چىقىرىپ

جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى يىغىلىش مەركىزىنىڭ تەرەققىياتىنى قوللىدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چېن چياڭۋېينىڭ** ئۈرۈمچى تاموژنىسىدىن ئىگىلىشىچە، يېقىندا ئۈرۈمچى - سانجى تاموژنىسى ئۈرۈمچى خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورت رايونى جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى يىغىلىش مەركىزىنىڭ تەرەققىياتىنى قوللايدىغان سەككىز تۈرلۈك تەدبىر چىقىرىپ، يۇقۇم مەزگىلىدە خەلقئارا كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ راۋانلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغان.

بۇ سەككىز تۈرلۈك تەدبىر مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ تاموژنىدىن تېز ئۆتۈشىگە تۈرتكە بولۇش، مەلۇم قىلىش تەننەرخىنى ئازايتىش، ئىمپورت - ئېكسپورت ماللىرىنى تەكشۈرۈشنى ئەلالاشتۇرۇش، يىغىلىش مەركىزى قۇرۇلۇشىنى قوللاش، جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى تۈگۈن پورتى قۇرۇلۇشىنى قوللاش، يىغىلىش

(ئاخىرى 3- بەتتە)

ئۈرۈمچى شەھىرى نوقتىلىق رايون ۋە نوقتىلىق كىشىلەر توپى، يۇقۇملىنىش خەۋپى يۇقىرى ئاسان يۇقۇملىنىدىغان كىشىلەر توپىغا قارىتا يېڭى بىر نۆۋەتلىك نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇردى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **لى چۈنشيا، جاۋ چۈنخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: 8- ئاينىڭ 5- كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت ئاخبارات ئىشخانىسى ئاچقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەركىزىنىڭ مۇدىرى رۇي باۋلىڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: 8- ئاينىڭ 4- كۈنىدىن باشلاپ، ئۈرۈمچى شەھىرى نوقتىلىق رايون ۋە نوقتىلىق كىشىلەر توپى، يۇقۇملىنىش خەۋپى يۇقىرى ئاسان يۇقۇملىنىدىغان كىشىلەر توپىغا قارىتا يېڭى بىر نۆۋەتلىك نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇردى.

يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسنىڭ يۇقۇشچانلىقى كۈچلۈك، تارقىلىشى تېز، يوشۇرۇن مەزگىلى ئۇزاق.

(ئاخىرى 4- بەتتە)

لى پېڭشىن ئۈرۈمچى شەھەرىدە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى يوشۇرۇن زىيارەت قىلىپ نازارەت قىلدى ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلدى

دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈپ، دەل جايىدا باشقۇرۇپ - تىزگىنلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جېيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 8- ئاينىڭ 3- كۈنىدىن 5- كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ قوماندانى لى پېڭشىن ئۈرۈمچى شەھىرىدە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى يوشۇرۇن زىيارەت قىلىپ نازارەت قىلدى ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلدى، ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى:

(ئاخىرى 2- بەتتە)

ئىستىلدا ئەمەلىي، چىڭ بولۇش كېرەك

سۆز ھەممىگە

□ **شىن ياپىڭ**

ھازىر، ئۈرۈمچى شەھىرىدە يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى ئەڭ كۈچەيدىغان ئاچقۇچلۇق مەزگىلگە كەلدى، ئۇرۇش ۋاقتى ھالىتىدە جەزمەن ئۇرۇش ۋاقتى ئىستىلى بولۇشى كېرەك، پارتىيەلىك كادىرلار باشتىن - ئاخىر ئەمەلىي، چىڭ بولۇشتەك خىزمەت ئىستىلىدا چىڭ تۇرۇپ، چىشنى چىڭ چىشلەپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلانغاندىلا، بۇرچنى ئادا قىلىپ، مۇھىم تاپشۇرۇقنى يەردە قويماي، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلغىلى بولىدۇ.

ئۇرۇش ۋاقتى ھالىتىنىڭ ئادەتتىكىگە ئوخشىماسلىقى مەسئۇلىيەتنىڭ تېخىمۇ مۇھىم، زور، ۋەزىپىنىڭ تېخىمۇ مۇشكۈل ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

(ئاخىرى 4- بەتتە)

سىلوس قونىقى ئورۇش

7- ئاينىڭ 31- كۈنى، ئىككى ئاپتوماتلاشقان سىلوس قونىقى ئورۇش ماشىنىسى قۇتۇبى ناھىيەسى ۋۇگۇڭتەي بازىرىنىڭ ۋۇگۇڭتەي كەنتىدىكى ئېتىزلىقتا مەشغۇلات قىلماقتا. نۆۋەتتە، قۇتۇبى ناھىيەسىدە تېرىلغان 105 مىڭ مو سىلوس قونىقى پىشقان بولۇپ، دېھقانلار ھاۋا ئوچۇق كۈنلەرنى چىڭ تۇتۇپ ئورۇماقتا.

□ ما گۇاڭيۈەن فوتوسى

ھاللىق تۇرمۇشىمىزغا ئاتلىنايلى

گۈزەل تاغ - دەريالار نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتىكى «ئالتۇن تاۋاق»قا ئايلاندى

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز رېن جياك، ياۋ گاڭ**

ياپيېشىل تاغ، سۈپسۈزۈك سۇ، بۈك - باراقسان ئورمان بىلەن قاپلانغان مەنزىرە رايونلىرى، ھويلىلىرى ئازادە، ئاتالمىلارنىڭ مەززىلىك ھىدى دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇرىدىغان دېھقانلار ئارامگاھلىرى، مېۋىلەر مەي باغلاپ پىشقان، مول ھوسۇلدىن بېشارەت بېرىپ تۇرىدىغان مېۋە ئۈزۈش باغلىرى... بۈگۈنكى كۈندە، بۇ خاسلىققا ئىگە ساياھەت كەسپ ھالەتلىرى تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىنى قاپلاپ، يېزا - كەنتلەر، دالىلارنى ئېسىل ساياھەت، ئىستىراھەت ئورنىغا ئايلاندۇردى، سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنى بايلىققا ئايلاندۇردى.

سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغ ساقلاپ قېلىندى، گۈزەل مەنزىرە كۈتۈۋېلىندى

سۇ شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇراتتى، ئوت - چۆپلەر بولۇق، ئورمان قويۇق ئىدى. ھازىر تيانشان بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونىنىڭ بىر يىل ئىچىدىكى ئەڭ گۈزەل مەزگىلى بولۇپ، قويۇق ئورمان ئارىسىدىكى كىگىز ئۆينىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان خابەك ئابلىقان خۇددى كىچىك ۋاقىتلىرىغا قايتىپ قالغاندەك ھېس قىلدى.

«ئاشۇ چاغلاردا ئۆيىمىز بوغدا كۆلىنىڭ ئېتىكىدىكى بەيياڭگۇدا ئىدى، موزايلار ئوت - چۆپلەر ئارىسىغا كىرىپ كەتسە كۆرگىلى بولمايتتى.» 20- ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدا تۇغۇلغان قابىكېنىڭ ئەسلىشىچە، ئېكولوگىيەنى قوغداش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئائىلىسى تيانشان بوغدا كۆلى مەنزىرە رايونىدىن كۆچۈپ چۈشكەن ئىكەن. بۈگۈنكى كۈندە، ئۇ فۇكاڭ شەھىرى سەنگۇڭخې يېزىسى ياۋچى ساياھەت كەسپى ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ كېڭەش باشلىقى بولۇپ، 102 ئائىلىدىكى 484 ئادەمنى باشلاپ مەنزىرە رايونىدا ساياھەتچى كۈتۈۋېلىش بىلەن شۇغۇللىنىۋېتىپتۇ.

قوغداش سالمىقىنىڭ ئۈزلۈكسىز زورىيىشىغا ئەگىشىپ، تيانشان بوغدا كۆلىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىپ، مەنزىرە رايونى بارغانسېرى گۈزەللىشىپ، ساياھەتچىلەر يىلدىن - يىلغا كۆپىيىپ، دېھقانلار ئارامگاھى قاتارلىقلارنىڭ سودىسى بارغانسېرى ياخشىلاندى.

(ئاخىرى 4- بەتتە)